# چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر شىنجاڭدىكى مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىلىك كوللېكتىپ ۋە نەمۇنىچى شەخسلەر ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىبسىل پەزىلىتى ۋە نەمۇنىلىك ھەرىكىتى ئارقىلىق، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشقا يېتەكلەپ ۋە ئىلھاملاندۇرۇپ، ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتى بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يەنە يېڭى تۆھپىلەرنى قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك يېقىن ئۆتۈشى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى جەزمەن ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ۋە مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تەقدىرلەنگەن نەمۇنىلىك كوللېكتىپ ۋە نەمۇنىچى شەخسلەرنى ئۈلگە قىلىپ، نەمۇنىچىلاردىن ئۆگىنىپ، تىرىشىپ نەمۇنىچىلاردىن بولۇپ، باشتىن ـ ئاخىر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداشنى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەڭ ئالىي مەنپەئەتى قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتى بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ مىللەت نەزەرىيەسى ۋە مىللەت سىياسىتىنى ئۆگىنىشنى ھەمدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى ھەقىقىي تۈردە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش»نى كۈچەيتىپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى ئىشلىرىنى ئۇلۇغ ئىش سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ، ياخشى تۇتۇپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق سۆزلەرنى كۆپرەك قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز سۆزلەرنى قەتئىي قىلماسلىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق ئىشلارنى كۆپرەك قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز ئىشلارنى قەتئىي قىلماسلىقنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، قولنى قولغا تۇتۇشۇپ، مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ، ئورتاق تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ يېڭى شان ـ شەرىپى ۋە ئارزۇسىدىن ئورتاق بەھرىلىنىش كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ۋە جۇڭگو ـ ئافرىقا ھەمكارلىقىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان تارىخىي پۇرسىتىنى ياخشى ئىگىلەپ، دوستانە ئۆزئارا ئىشەنچنى مۇستەھكەملەپ، ئەمەلىي ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جۇڭگو ـ گىۋىنىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ـ ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىپ، تېخىمۇ زىچ جۇڭگو ـ ئافرىقا تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشنى خالايمەن.

كوندې تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: گىۋىنىيە ـ جۇڭگونىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشى ئافرىقا ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇزاقتىن بۇيان، ئىككى دۆلەت باشتىن ـ ئاخىر ئالاھىدە دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلدى، بۇ ئافرىقا ـ جۇڭگو دوستانە ھەمكارلىقىنىڭ ئىخچام كارتىنىسى. گىۋىنىيە تەرەپ «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسىغا يۇكسەك باھا بېرىدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن ئورتاق تىرىشىپ، ئەنئەنىۋى دوستلۇقنى مۇستەھكەملەپ، جۇڭگو ـ ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرى بېيجىڭ باشلىقلار يىغىنىنىڭ نەتىجىلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ـ ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ سىجىل، چوڭقۇر تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

# ئاساسىي مەقسەت خىسلىتىنى مەڭگۈ ساقلاش قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىش بۇرچىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ۋەتىنىمىزنىڭ ئەڭ غەربىي چېتىدىكى پامىر ئېگىزلىكىدە مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان شىنجاڭ ھەربىي رايونى مەلۇم چېگرا مۇداپىئە لىيەنى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدىكى رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە ھەربىي پارات مۇراسىمىنى كۆرۈشكە تەشكىللىدى. كۆرۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، «چېگرانى مۇداپىئە قىلىشتا مەن بار، ۋەتەن خاتىرجەم بولغىن»نى چۆرىدەپ ئۆگىنىش قىلدى، پىكىر ئالماشتۇردى، ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر بەس ـ بەستە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنى ھەربىي مەشقنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلاندۇرۇپ، ئىنقىلابىي ھەربىيلەرنىڭ «بىرىنچىدىن جاپادىن قورقماسلىق، ئىككىنچىدىن ئۆلۈمدىن قورقماسلىق» روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى بىر ئەۋلاد «تۆتكە ئىگە» ھەربىيلەرگە خاس ياخشى قىياپەت تىكلەپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەت، بۇرچنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىپ، چېگرانىڭ خەۋپسىزلىكى، مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز.

پەيجاڭ جۇ داڭ مۇنداق دېدى: «ۋەتەنىنىڭ گۈللەپ ياشناۋاتقانلىقىنى، خەلق ئارمىيەسىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە قۇدرەت تېپىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مەن تولىمۇ ئىپتىخارلاندىم ۋە پەخىرلەندىم، زىممەمدىكى ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەت، بۇرچ چېگرا رايوندا يىلتىز تارتىش، چېگرا مۇداپىئەسىگە ئۆزۈمنى بېغىشلاش، غەربىي چېگراغا تۆھپە قوشۇش ئىشەنچىم ۋە ئىرادەمنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى».

ئارمىيە روھى مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ، ھەربىي بايراق مەڭگۈ پارتىيەگە تەلپۈنىدۇ. شىنجاڭ ھەربىي رايونى مەلۇم چېگرا مۇداپىئە ئۆمەنىنىڭ پەيجاڭى لاڭ شۆفېڭ ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: رەئىس شى جىنپىڭنىڭ سۆزى كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدۇ، ھەربىيلەرنىڭ شان ـ شەرىپى پارتىيە رەھبەرلىكىگە مەنسۇپ. مەيلى نەنچاڭ قوزغىلىڭىدىكى ئوق ئاۋازى بولسۇن ياكى ئىسلاھات ئارقىلىق ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش بۇرغا ساداسى بولسۇن، ھەربىيلەر پەقەت پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدىلا، ئەۋلادمۇئەۋلاد قان تومۇرنى داۋاملاشتۇرۇپ، «ئارمىيە» دېگەن خەتنى چوڭ يېزىپ، پولات ئىستىھكام قۇرۇپ، خەلقنى قوغدىيالايدۇ. بىز زامانىمىز ئىنقىلابىي ھەربىيلىرى ئەجدادلارنىڭ پولات مىلتىقنى قولغا ئېلىپ، ۋەتەننىڭ غەربىي دەرۋازىسىنى ياخشى ساقلاپ، ياشلىق باھارىمىزنى ۋەتەننىڭ چېگرا رايونىغا بېغىشلىشىمىز كېرەك.

**■ جاپالىق مەشىق قىلىپ ماھارەت يېتىلدۈرۈش بۇرچنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىش**

چاقىرغان ھامان كېلىدىغان، كەلگەن ھامان جەڭ قىلالايدىغان، جەڭدە چوقۇم غەلىبە قىلالايدىغان بولۇش. دۆلەت بايرىمىلىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىدىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىشنى ئەسكەرلەرنى چېنىقتۇرۇپ، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش، بۇرچنى ئادا قىلىشنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلاندۇردى. خوتەن ۋىلايىتىدە، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى مەلۇم تارماق ئەترىتىدىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر ۋەزىپە ئىجرا قىلىش، چارلاش داۋامىدا، رادىيودىن پايدىلىنىپ رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ بىۋاستە ئاڭلىتىلىشىنى ئاڭلىدى، ئالاھىدە ئۇرۇش ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزاسى جۇ چىڭبىن مۇنداق دېدى: «رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى بىزگە نىسبەتەن ناھايىتى چوڭ ئىلھاملاندۇرۇش، ئۆزۈمنىڭ ئەڭ گۈزەل ياشلىق چاغلىرىمدا قىسىمغا كىرىپ ئەسكەر بولغانلىقىمدىن ناھايىتى خۇشالمەن، ھەربىي گازارمىدا ۋەتەننىڭ قۇدرەتلىكلىكى ۋە ھەربىي قىسىم ئېلىپ كەلگەن ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى ھېس قىلدىم. مەن چوقۇم داھىينىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئەسكەرلەرنى چېنىقتۇرۇپ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۆزۈمنىڭ بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلىپ، ۋەتەن ۋە خەلقنى خاتىرجەم قىلىمەن، رەئىس شى جىنپىڭنى خاتىرجەم قىلىمەن!».

جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى كاپالەت بۆلۈمى ئورگىنىدىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە ھەربىي پارات مۇراسىمىنى كوللېكتىپ كۆردى، كۆپچىلىكنىڭ قايناق ھېسسىياتى ئۇرغۇپ، كۈرەش ئىرادىسى كۈچەيدى. سىياسىي يارەمچى خادىم جياڭ جىسۇڭ مۇنداق دېدى: «بىز چوقۇم ۋەتەننى سۆيۈش قىزغىنلىقىنى ئۆزىنى بېغىشلاش قايناق ھېسسىياتىغا ئايلاندۇرۇپ، ۋەتەن ۋە خەلق ئۈچۈن چېگرا رايوننى ياخشى ساقلايمىز».

ئالتاي شۆبە ھەربىي رايونى بارلىق ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنى رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە ھەربىي پارات بىۋاستە كۆرسىتىلىشىنىڭ تەنتەنىلىك ئەھۋالىنى كۆرۈشكە تەشكىللىدى. سىياسىي خىزمەت بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى تەن خېيشېڭ ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «70 يىلدىن بۇيان، بىزنىڭ دۆلىتىمىز قالتىس تەرەققىيات يولىنى بېسىپ ئۆتتى، جۇڭخۇا مىللىتى گۈللىنىش ئۇلۇغ ئىشلىرىغا قاراپ چوڭ قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە، بىز ھەربىيلەر چوقۇم ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىش ماھارىتىنى ياخشى مەشىق قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، زېمىن بىخەتەرلىكىنى قەتئىي قوغدىشىمىز كېرەك!».

«رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى كىشى قەلبىنى زىلزىلىگە سالدى. مەن چوقۇم بۈگۈندىن ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش كۈچىنى قوبۇل قىلىپ، جاپاغا چىداپ مەشىق قىلىپ، تىرىشىپ چېگرانى قوغداشتىكى قەيسەر قوغدىغۇچى بولىمەن.» ئاقچوم قوملۇقىنىڭ كىندىكىدە ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان شاڭشى فېڭ خېياۋ بارلىق ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىكتە، ئورۇنلىشىپ مۇداپىئەدە تۇرۇش ۋەزىپىسىنى يۇقىرى ئۆلچەمدە تاماملاشقا ئىرادە باغلىدى.

**■ ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماسلىق قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىش**

قىزىل قان تومۇرىغا ۋارىسلىق قىلىش، يېڭى سەپەر بۇرغىسىنى ياڭرىتىش. قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىنىڭ مەلۇم ئوتتۇرا ئەترىتى بىر شەرەپلىك كۈرەش قىلىش مۇساپىسىگە ئىگە قىسىم، پارتىيە ياچېيكىسىغا 1948 ـ يىلى غەربىي شىمال دالا ئارمىيەسى تەرىپىدىن لېيەندۈي ئىنقىلابىي قۇربانى لىۋ فۇگۇاڭنىڭ ئىسمى بىلەن «فۇ گۇاڭ ياچېيكىسى» دەپ نام بېرىلگەن. ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ جىداۋيۈەنى راۋ گولياڭ مۇنداق دېدى: «بىز چوقۇم تېخىمۇ قەتئىيلىك بىلەن پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىپ، قىزىل گېنغا مەڭگۈ ۋارىسلىق قىلىمىز، ھەربىر ئوفىتسېر ـ ئەسكەرنىڭ ھەممىسىنى رەئىس شى جىنپىڭنىڭ ياخشى جەڭچىسى بولۇپ، جاپاغا چىداپ مەشىق قىلىپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىدىغان قىلىمىز».

دۆلەت بايرىقى جەۋلان قىلدى، ھەربىي بايراقلار لەپىلدىدى. 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنگە بىۋاستە قاراشلىق خەلق قوراللىق بۆلۈمىدىكى بارلىق ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر تېلېۋىزورنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنى كۆردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كەيپىياتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، جەڭگىۋارلىقى زور دەرىجىدە كۈچەيدى. شاڭشى لى پېڭ ھاياجىنىنى باسالمىغان ھالدا مۇنداق دېدى: «رەئىس شى جىنپىڭنىڭ سۆزى كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدۇ! مەن پەخىرلىنىمەن، مەن بىر جۇڭگولۇق ھەربىي! بىز ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئەسكەرلەرنى چېنىقتۇرۇپ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش، ئۇرۇش قىلىش ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، دۈشمەننى يوقىتىش ئىقتىدارىنى جاپالىق مەشىق قىلىپ، كەلگۈسىدىكى ئۇچۇرلاشقان ئۇرۇشتا قەتئىي غەلىبە قىلىشىمىز كېرەك».

**(ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز خۇاڭ زۇڭشىڭ، ۋاڭ گويىن، يۈ كەي، لىيۇ نەنسۇڭ، چېن شېڭشېڭ، شۇ جۈن، شۇ مىڭيۈەن، جىن جاۋلار يازغان)**

# يېڭى تارىخىي ئۇلۇغ ئىشلارنى ئۈزلۈكسىز يارىتايلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭگونىڭ ئىشلىرىنى ياخشى قىلىشتا، ئاچقۇچ پارتىيەدە. 70 يىلدىن بۇيان، بېكىنمە، قالاق ھالەتتىن ئېچىۋېتىش، ئىلگىرىلەشكە يۈزلەندۈق، قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولماسلىقتىن ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يۈزلەندۇق، «نامرات، قالاق» ھالەتتىن گۈللىنىش، بېيىش، قۇدرەت تېپىشقا يۈزلەندۇق، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر تەسراتى شۇكى، يېڭى جۇڭگونىڭ دۇنيا يېڭىچە نەزەر بىلەن قارايدىغان ئۇلۇغ مۆۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشىدە، ھەل قىلغۇچ ئامىل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدۇر. ئالغا ئىلگىرىلەش مۇساپىسىدە، بىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدىن ئىبارەت بۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى پۇختا ئىگىلەپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدىن ئىبارەت بۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەڭ چوڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي تەدبىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجرا قىلىپ، پارتىيەمىزنىڭ باشتىن ـ ئاخىر جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تايانچىغا ئايلىنىشىغا، باشتىن ـ ئاخىر مىللەتنىڭ گۈللىنىش مۇساپىسىدە كۈچلۈك رەھبەرلىك يادروسىغا ئايلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

يېڭى تارىخىي ئۇلۇغ ئىشلارنى ئۈزلۈكسىز يارىتىشتا، خەلقنىڭ سۇبيېكتلىق ئورنىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. خەلق تارىخنىڭ ياراتقۇچىسى، دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرنى بەلگىلەيدىغان نېگىزلىك كۈچ. يېڭى جۇڭگونىڭ «دۇنيانى ھەيران قالدۇرىدىغان» تەرەققىيات مۆۋەپپەقىيەتلىرىنى يارىتالىشى، دەل بىزنىڭ باشتىن ـ ئاخىر خەلقنىڭ سۇبيېكتلىق ئورنىدا چىڭ تۇرغانلىقىمىزدىن، باشتىن ـ ئاخىر خەلقنىڭ ئىجادكارلىق روھىغا ھۆرمەت قىلغانلىقىمىزدىن، باشتىن ـ ئاخىر خەلقنىڭ ساداسىنى زەن قويۇپ ئاڭلىغانلىقىمىزدىن، باشتىن ـ ئاخىر خەلققە تايىنىپ تارىخىي ئۇلۇغ ئىشلارنى ياراتقانلىقىمىزدىن بولغان. «خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇستەھكەم ئۇلى، خەلق بىزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى ئەڭ چوڭ ئاساسىمىز.» يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشتە، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئىجادكارلىق روھى، ئۇلۇغ كۈرەش روھى، ئۇلۇغ ئىتتىپاقلىق روھى، ئۇلۇغ ئارزۇ روھىنى ئۈزلۈكسىز جارى قىلدۇرۇش كېرەك. يۈز مىليونلىغان خەلق يەنىلا تۈرۈپ غەيرەت بىلەن ئىشلىسەكلا، بىز يېڭى دەۋرگە تەۋە شانلىق نەتىجىلەرنى جەزمەن يارىتالايمىز.

يېڭى تارىخىي ئۇلۇغ ئىشلارنى ئۈزلۈكسىز يارىتىشتا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. يېڭى جۇڭگونىڭ 70 يىلى، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى ئۇلۇغ ئەمەلىيەت مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھالدا شۇنى ئىسپاتلىدىكى، زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ تەرەققىيات، ئىلگىرىلەش مەسىلىسىنى باشقا ئىزم ئەمەس، بەلكى پەقەت جۇڭگوچە سوتسىيالىزملا ھەل قىلالايدۇ. بۇ پارتىيە ۋە خەلق تارىخ ۋە رېئاللىقتىن چىقارغان تەۋرەنمەس بولمايدىغان يەكۈن. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: «يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم پارتىيەمىز خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئىنقىلاب ئېلىپ بارغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا پارتىيەمىز خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئىنقىلاب ئېلىپ بارغانلىقىنىڭ راۋاجى، جەزمەن ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش كېرەك.» بۈگۈنكى كۈندە، بىزنىڭ يولىمىز ماڭغانسېرى كېڭىيىۋاتىدۇ، بىزنىڭ نەزەرىيەمىز ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، بىزنىڭ تۈزۈمىمىز كۈنسېرى پىششىق يېتىلىۋاتىدۇ، بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز سىجىل گۈللىنىۋاتىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى يۈكسەك تارىخىي ئاڭلىقلىققا ئىگە بولۇپ، پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشى ئارقىلىق پارتىيە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئېلىپ بارغان ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئىنقىلابقا تۈرتكە بولۇپ، تىرىشىپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ تېخىمۇ قۇدرەتلىك، تېخىمۇ قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە ھەقىقەت كۈچىنى نامايان قىلدۇردى.

بىر دەۋر كىشىلىرىنىڭ شۇ دەۋر كىشىلىرىگە خاس ئۇزۇن سەپىرى بولىدۇ. بىز مىڭلىغان تاغ ـ دەريالارنى بېسىپ ئۆتتۇق، لېكىن يەنىلا تاغلاردىن ئېشىپ، دەريالارنى كېچىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، 5000 يىلدىن ئارتۇق مەدەنىيلىك تارىخىغا ئىگە، يېڭى جۇڭگونىڭ 70 يىللىق ئۇلۇغ مۆجىزىلىرىنى ياراتقان جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتى يېڭى دەۋرنىڭ يېڭى ئۇزۇن سەپەر يولىدا جەزمەن يېڭى تارىخىي ئۇلۇغ ئىشلارنى يارىتىپ، تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ گۈزەل دەۋر سەھىپىسىنى يازىدۇ!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# قاناس مەنزىرە رايونىدا بۇ يىل كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 10 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

قۇمدا جەمئىي كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 3 مىليون 425 مىڭ 600 ئادەم قېتىم بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %61 ئاشقان؛ دۆڭچىلىك بېكىتىدە جەمئىي كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 351 مىڭ 300 ئادەم قېتىم بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %28 ئاشقان؛ تېرەكتىدە جەمئىي كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 114 مىڭ 900 ئادەم قېتىم بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %37 ئاشقان.

قاناس مەنزىرە رايونى دۆلەت 5A دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونى. «توردا ئالقىشلانغان» مەنزىرە رايونى بولۇش سۈپىتى بىلەن، قاناس مەنزىرە رايونى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇل ئەسلىھەلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، مۇلازىمەتنى ياخشىلاش ۋە مال باھاسىنى قېلىپلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى نۇقتىلىق كۈچەيتىپ، ساياھەتچىلەرنىڭ ساياھەت تەسراتى ئازادىلىك دەرىجىسىنى ئۆستۈردى.

قاناس مەنزىرە رايونى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق بىلدۈردى: مۇقىملىق پايدىسىنىڭ قويۇپ بېرىلىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك كەسپى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، مەنزىرە رايونى ھەر يىلى كۈتۈۋالىدىغان ساياھەتچىلەرنىڭ سانىدا «كۆرسەتكۈچ شەكلىدە ئېشىش» بارلىققا كەلدى.

# ھەرىكەتچان نۇر سايىسى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشنى نامايان قىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

قۇملۇق كارۋىنىدىن جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىغىچە، قەدىمكى يىپەك يولى ۋە يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونىنىڭ جانلىق كۆرۈنۈشى نۇر سايىسى ئىچىدە ۋاقىت ۋە بوشلۇق بويىچە گىرەلىشىپ كەتكەندى؛ ھەرىكەتلىنىپ تۇرغان سىمالاردىن مىڭلىغان ـ تۈمەنلىگەن تەبەسسۇملۇق چىرايلارغىچە، تىيانشان ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش قىياپىتى سۈرەتلەپ بېرىلگەن بەختلىك تۇرمۇش يۈگمە رەسىمى كېچە ئاسمىنىدا لەرزان نامايان قىلىنىپ، چىراغ نۇرى كۆرگەزمىسىنى كۆرۈۋاتقان ھەربىر كىشىنى قاتتىق ھاياجانلاندۇردى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، بىر قاپ سەرەڭگە تىياندىشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى ئاددىي دېھقان ـ چارۋىچىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا كەم ئۇچرايدىغان ماددىي ئەشيا ئىدى، ھالبۇكى، نەزەرىمىزنى ھازىرقى شىنجاڭ زېمىنىغا تاشلىغىنىمىزدا، كۆپلىگەن شەھەرلەردە چىراغ نۇرى كۆرگەزمىسى كۆرسىتىلىپلا قالماستىن، ھەتتا ئەڭ چەت، يىراق يېزا ـ كەنتلەردىمۇ تېلېۋىزور، يان تېلېفون ئارقىلىق بۇ ئاجايىپ كۆركەم نۇر سايىسى مۇراسىمىدىن ھۇزۇرلىنالىدى.

بۈگۈن بىلەن ئۆتمۈشنىڭ سېلىشتۇرما قىلىنىشى كىشىنى ئىنتايىن ھاياجانلاندۇردى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقىدا، شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ ئىسسىق تۇپراقتا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى، بۇ ئۆزگىرىشلەر كىشىنى ئىپتىخارلاندۇرىدۇ ھەم كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ. بىز قەلبىمىزدىكى ئۇرغۇپ تۇرغان قايناق ھېسسىياتىمىزنى داۋاملىق كۈرەش قىلىش قەدىمىمىزگە سىڭدۈرۈپ، ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونىنى ياخشى قۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشىمىز، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشىمىز.

**(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى:** xjrbplb@126.com**)**